# مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ
# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پەقەت مەركەزنى چۆرىدەپ، قوشۇن قۇرۇپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن كەسىپنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولغاندىلا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئاندىن ئورۇننى توغرا تاپقىلى بولىدۇ؛ پەقەت ئۇزاققىچە ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇپ، ئۇل سېلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئاندىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزغىلى بولىدۇ؛ پەقەت دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەشكە ماھىر بولغاندىلا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئاندىن سۈپەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگىلى، ئۇنى ھاياتىي كۈچكە تولدۇرغىلى بولىدۇ؛ پەقەت پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتگورۇپپا (پارتكوم) بەنزىسى باشلامچى بولۇش، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇش، ئورگان ئارقىلىق سىستېمىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرغاندىلا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئاندىن قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى باش ۋەزىپىسى. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، بولۇپمۇ پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار، بىرىنچى قوللار خىزمەت ئىشلىگەندە ئالدى بىلەن ئاڭلىق ھالدا پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرى بىلەن ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بىلەن ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلەپ، سىياسىي مەيداننى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي پوزىتسىيەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سىياسىي ئىنتىزامغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، دائىم پەرقلەرنى توغرىلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشەببۇس قىلغانغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلغاننى قەتئىي ئىز بېسىپ ئىجرا قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چەكلىگەننى قەتئىي توسۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. «ئىككىنى قوغداش»نى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە گەۋدىلەندۈرۈشى، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىدە گەۋدىلەندۈرۈشى، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ كۈندىلىك سۆز ـ ھەرىكىتىدە گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. پارتىيەگە سادىق بولۇش تەربىيەسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئىلغار تىپلاردىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنى تەشۋىق قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك كىشىلەردىن ئۆگىنىپ، پارتىيەگە سادىق بولۇشنى ئائىلە، ئائىلە تەربىيەسى، ئائىلە ئىستىلى قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈشكە يېتەكلىشى كېرەك. باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەم يۈكسەك ئەقلىي جەھەتتىن قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى، ھېسسىيات جەھەتتىن قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك، ھەم قەتئىي قوغداش ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلىتىشتە ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ئاڭلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، ئىشىنىش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئېتىقادنى چىڭىتىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، كەسىپ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ياش كادىرلار ئارىسىدا سىياسىي نەزەرىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، سىياسىي ئىرادىنى كۈچەيتىش، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش، سىياسىي خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەنى قانات يايدۇرۇپ، شارائىت ھازىرلاپ كادىرلارنى كۈرەش ئەمەلىيىتىدە بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، بېلىنى رۇسلايدىغان قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئاساسىي قاتلامنى كۈچەپ تۇتۇشتەك روشەن يۆنىلىشنى تۇرغۇزۇپ، تەشكىللەش كۈچىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مۇستەھكەم، كۈچلۈك ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى بەرپا قىلىشى كېرەك. ئىككى باشنى تۇتۇپ ئوتتۇرىدىكىلەرنى يېتەكلەش، ئارقىدا قالغانلار ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىش، ئوتتۇرىدىكىلەر ئىلغارلار بىلەن بەسلىشىش، ئىلغارلار تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشى، ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش ـ باشقۇرۇش ـ نازارەت قىلىشنى چىڭىتىپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» قاتارلىق تۈزۈملەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەربىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ھەممىسىنى قىپقىزىل بايراققا، ھەربىر ياچېيكىنىڭ ھەممىسىنى پارتىيە بايرىقى ئېگىز جەۋلان قىلىدىغان جەڭگىۋار قورغانغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئۇزاققىچە ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، باشلامچىلىق بىلەن پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئورگان قۇرۇپ، ئاممىغا يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى كەيپىياتنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. «تۆت خاھىش»نى تۈزەش خىزمىتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي يېڭىشى كېرەك. ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاشتەك ئېسىل ئىستىلنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ھېسسىياتنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، ئاساسىي قاتلام ئەمەلىيىتىدىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى تېپىشى كېرەك. قاتتىق بولۇشنى باشلامچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنتىزامنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجراسىدىكى «تۆت خىل ھالەت»نى تەدبىقلاشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىنتىزام تەربىيەسى، سىياسىي ئەخلاق تەربىيەسى، ئائىلە ئىستىلى تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا بولغان ھەر تەرەپلىمە باشقۇرۇش ـ نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جەزمەن پاك ۋە مەسئۇلىيەتچان بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماسلىق، قىلىدىغاننى قىلماسلىقنىڭ باھانىسى قىلىۋالماسلىق كېرەك. پاك ۋە مەسئۇلىيەتچان، تىرىشچانلىق ۋە پاكلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىگە ئېلىپ، ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قول تۇتىدىغان مەسىلىلەرنى قوبۇل قىلىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى ياخشى كادىرلار ئۆلچىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، سىياسىيدا بىخۇد، ئىش بېجىرىشتە مۇجمەل ھاماقەت ئەمەلدار بولماسلىق، كۆنبويى قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىپ، ھېچقانداق ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ھورۇن ئەمەلدار بولماسلىق، مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان، ئالغا ئىنتىلىشنى خالىمايدىغان چاكىنا ئەمەلدار بولماسلىق، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتىدىغان، ئاينىپ پەزىلىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن خىيانەتچى ئەمەلدار بولماسلىق كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە جەزمەن ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىشى ۋە توغرا ئىگىلىشى كېرەك. ئورتاقلىق ۋە خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش نەزەرىيەسىنى ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان پىكىر يولى ۋە تەدبىرگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىدىكى يېڭىلىق يارىتىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، تاۋلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا قانۇنىيەتلىك تونۇشقا ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ئۇزاققىچە رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان قىلىشى كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن كەسىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بىلەن كەسىپىي خىزمەتنى بىرلىكتە پىلانلاش، بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، بىرلىكتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بىرلىكتە تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. نىشان يېتەكچىلىكى بىلەن مەسىلە يۆنىلىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ھەم نىشاننى كۆزلەش نۇقتىسى قىلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاش، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشكە كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك؛ ھەم مەسىلىنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە سىجىل كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. قائىدە ـ تۈزۈم تۇرغۇزۇش بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا تۈزۈم ئورنىتىش ناھايىتى مۇھىم، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش تېخىمۇ مۇھىم، باشلامچىلىق بىلەن پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى ئۆگىنىپ، ئەمەل قىلىپ، ئىجرا قىلىپ، ئاساسىي تۈزۈمدىن باشلاپ چىڭىتىپ، كۈندىلىك قائىدىلەردىن باشلاپ تۇتۇشى كېرەك. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىدىيەۋى تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىش، شەكىل، ۋاسىتىلەردە يېڭىلىق يارىتىش، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، جەزمەن ھەقىقىي تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ «ھالقىلىق تۇتقا»نى مەھكەم تۇتۇشى كېرەك. ھەرقايسى تارماق پارتگورۇپپىلار (پارتكوملار) ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى ئۆز ۋەزىپىسى، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتماسلىقنى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتالماسلىقنى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق دېگەن ئىدىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «شۇجى تۇتۇش، شۇجىنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئورگان پارتكومى دىققىتىنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. مەركەزدىكى ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، زىچ ماسلىشىپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش خىزمىتىنىڭ بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت كومىتېتلىرى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە خىزمىتىگە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ھەرقايسى تارماق پارتگورۇپپىلار(پارتكوملار)نىڭ ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك ـ ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. يۇقىرى ساپالىق كەسىپلەشكەن پارتىيە ئىشلىرى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ، پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرىنى سىياسىيدا زېرەك ئادەم، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى كەسىپ ئەھلى، كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سىرداشى قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

ۋاڭ خۇنىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېلان قىلغان مۇھىم سۆزدە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى مۇپەسسەل بايان قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ بۇرچى ـ ۋەزىپىسى، نۇقتىلىق خىزمىتى، ئاچقۇچلۇق تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دىڭ شۆشياڭ خۇلاسە سۆزى قىلغاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ئاڭلىق ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىدىن پايدىلىنىپ ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىلارنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەندىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلار، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

مەركەز پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، مۇناسىۋەتلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ تىپتىكى كارخانىلاردىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئالدىدا مېڭىش، ئۈلگە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى مۇپەسسەل بايان قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ بۇرچى ـ ۋەزىپىسى، نۇقتىلىق خىزمىتى، ئاچقۇچلۇق تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يېڭى دەۋردە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىشى پارتىيە تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش. پارتىيەمىز ئەزەلدىن مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 1922 ـ يىلى پارتىيە 2 ـ قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىدە «ئورگان ھەم يىغىن ئەتراپىدا، ئومۇمەن ئۈچتىن بەشكىچە پارتىيە ئەزاسى بولسا بىر گۇرۇپپا قۇرسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. پارتىيەمىز قۇرۇلغان 98 يىلدىن بۇيان، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللىرىدە، پارتىيەمىز باشتىن ـ ئاخىر مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. پارتىيەنىڭ تارىخى، بولۇپمۇ پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخىنىڭ تەرەققىياتى شۇنى بىلدۈردىكى، پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەتنى ئۇزاق مۇددەت مۇستەھكەم ئىدارە قىلىپ تۇرالىشىنى، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بۇرچىنى ئورۇندىيالىشىنى ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەنلىكى ۋە ياخشىلىغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەمەلىيەتنى خۇلاسىلىگەندە، ئاساسلىقى ئالتە مۇھىم تەجرىبىگە ئىگە بولدۇق. بىرىنچىدىن، پەقەت پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئۆزىنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلغاندىلا، ئاندىن مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ سىياسىي ئورگان بولۇشتەك روشەن خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلىغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، پەقەت شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتكەندىلا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئاندىن باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، پەقەت مەركەزنى چۆرىدەپ، قوشۇن قۇرۇپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن كەسىپنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولغاندىلا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئاندىن ئورۇننى توغرا تاپقىلى بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، پەقەت ئۇزاققىچە ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇپ، ئۇل سېلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئاندىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزغىلى بولىدۇ. بەشىنچىدىن، پەقەت دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەشكە ماھىر بولغاندىلا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئاندىن سۈپەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگىلى، ئۇنى ھاياتىي كۈچكە تولدۇرغىلى بولىدۇ. ئالتىنچىدىن، پەقەت پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتگورۇپپا (پارتكوم) بەنزىسى باشلامچى بولۇش، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇش، ئورگان ئارقىلىق سىستېمىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرغاندىلا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئاندىن قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ مۇھىم تەجرىبىلەردە چوقۇم ياخشى چىڭ تۇرۇش، ئۇنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، پارتىيەمىزدە چوقۇم يېڭى كەيپىيات بولۇشى، يېڭى نەتىجە بولۇشى، مۇھىمى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىشى كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدا پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىشى؛ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشى؛ تەشكىللەش كۈچىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مۇستەھكەم، كۈچلۈك بولغان ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇشى؛ ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئورگان قۇرۇشى؛ ئالاھىدىلىك ـ قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشى؛ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئالدى بىلەن سىياسىي ئورگان. پەقەت يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا ئالدىدا مېڭىپ، ئۈلگە بولغاندىلا، ئاندىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. بىز ئاڭلىق ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئارقىلىق ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**